سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش

# ئىنقلابىي غايە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ

## —— قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەرنى قەيسەرانە «باشلىغانلىقى» توغرىسىدا چۈشەندۈرۈش

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى لىيۇ ۋاڭمىن، يۈەن رۇئىك، خۇاڭ كېشىن

1934 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، مەركىزىي قىزىل ئارمىيە جياڭشى يۈدۈدىن يولغا چىقىپ، 1935 ـ يىلى يېڭى يىلغىچە بولغان ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، دەريا ـ ئېقىنلارنى كېچىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ تۆت قامال قىلىش لىنىيەسىنى ئۇدا بۆسۈپ ئۆتتى.

قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەرنى باشلاش باسقۇچىنى ئىزدەپ زىيارەت قىلىش سەپىرى ئۈستىدە، مۇخبىرلار قىزىل ئارمىيەدىكىلەرنىڭ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىق ھېكايىسىدىن تەسىرلەندى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇلۇغ مەنىۋى جاسارىتىدىن تەسىرلەندى؛ قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەردە قانداق قىلىپ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى كۈچلۈك ھېس قىلدى.

**■ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، قۇربان بېرىشتىن قورقماسلىق**

قىزىل ئارمىيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يۆتكىلىش ئالدىن يۈرەر قىسىمنىڭ يولغا چىقىشى مەركىزىي قىزىل ئارمىيەدىنمۇ ئىككى ئاي بۇرۇن بولدى.

1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، قىزىل 6 ـ جۈنتۈەندىكى 9700دىن ئارتۇق ئادەم جياڭشىنىڭ سۈيچۈەندىكى خېڭشى ۋە شىنجياڭكوۋدىن يولغا چىقىپ، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ كۆپ يولدىكى قامال قىلىشنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، خۇنەننىڭ چېنجوۋ شەھىرى گۈيدۇڭ ناھىيەسىدىكى جەيچيەن بازىرىغا كېلىپ، بۇ يەردە قەسەم بېرىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، مەركىزىي قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەردىكى رازۋېدكا قىلىش، يول چارلاشتىكى ئالدىن يۈرەر قىسىملىق رولىنى ئوينىدى.

گۈيدۇڭ ناھىيەسىدىكى پارتىيە تارىخى مۇتەخەسسىسى لو جيەندۇڭ مۇنداق دېدى: «يول چارلاش قوشۇنى ناھايىتى زور خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغان بولۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە، ئىنتىزامغا ئەھمىيەت بېرىشى، قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان روھقا ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى».

مەركىزىي قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرنى باشلىغاندىن كېيىن، قىزىل 2 ـ، 6 ـ جۈنتۈەنى غەربىي خۇنەندە ھۇجۇم قوزغاپ، دۈشمەننىڭ 11 شى، يەنە ئىككى لۈي ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەلدۈرۈپ ۋە تۇتۇپ تۇرۇپ، جياڭ جېيشىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، مەركىزىي قىزىل ئارمىيەنىڭ خۇنەن ـ گۈيجوۋدىكى ھەرىكىتىگە كۈچلۈك ماسلاشتى. كېيىن قىزىل 2 ـ، 6 ـ جۈنتۈەنى خۇنەننىڭ ساڭجى ناھىيەسىدىن يولغا چىقىپ، قوشۇننىڭ شىمالغا يۈرۈشكە قوماندانلىق قىلىپ، ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندى، كېيىن قىزىل 2 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۈچ چوڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ غەلىبىلىك ئۇچرىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

مۇخبىرلار ساڭجى ناھىيەسىدە، ئىلگىرىكى قىزىل 2 ـ، 6 ـ جۈنتۈەننىڭ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان كونا ئورنىنىڭ رېمونت قىلىنىپ يېپيېڭى تۈسكە كىرگەنلىكىنى كۆردى. شۇ جايدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن كۆرەش قىلىۋاتاتتى. ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شيۇڭ جىلىن مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ ئەۋج ئالدۇرۇۋاتقىنىمىز دەل قىزىل ئارمىيەنىڭ ئومۇم ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىدۇر».

**■باتۇرلۇق بىلەن غەلىبە قىلىپ، قامالنى بۆسۈپ ئۆتۈش**

مەركىزىي قىزىل ئارمىيەنى قورشاش ئۈچۈن، گومىنداڭ ئارمىيەسى قىزىل ئارمىيەنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىغا زور قوشۇن بىلەن تۆت قامال قىلىش لىنىيەسى ئورۇنلاشتۇردى.

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، قىزىل ئارمىيەنىڭ ھەرقايسى جۈنتۈەنلىرى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققاندىن كېيىن دۈشمەن ئارمىيەسى بىلەن جەڭ قىلدى. قىزىل 3 ـ جۈنتۈەنى 4 ـ شىسىنىڭ 25 ياشلىق شىجاڭى خۇڭ چاۋ ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. ئۇ مەركىزىي قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەر يولىدا قۇربان بولغان تۇنجى شىجاڭى ئىدى. 27 ـ كۈنىگىچە، قىزىل ئارمىيەنىڭ بارلىق قىسىملىرى تاۋجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ بىرىنچى قامال قىلىش لىنىيەسىنى غەلىبىلىك بۆسۈپ ئۆتتى.

11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، خۇنەننىڭ رۇچېڭ ناھىيەسى گۇەنخېڭ ياۋزۇ كەنتىنىڭ يەنشۇ دەرياسى بويىدا ئىككىنچى قامال قىلىش لىنىيەسىنى بۆسۈپ ئۆتۈشتىكى ئەڭ كەسكىن ئۇرۇشنىڭ بىرى يۈز بەردى. گۇەنخېڭ ياۋزۇ كەنتىدىكى 88 ياشلىق بوۋاي خۇ گۇڭخەي ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «يەنشۇ دەرياسىنىڭ سۈيى قانغا بويالدى».

خۇنەننىڭ يىجاڭ ناھىيەسى 85 يىل ئىلگىرى مەركىزىي قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەردە جەڭ قىلىپ ئالغان تۇنجى ناھىيە بازىرى بولۇپ، بۇ يەردە قىزىل ئارمىيەنىڭ گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئۈچىنچى قامال قىلىش لىنىيەسىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە قوماندانلىق قىلىش ئىشتابىنىڭ كونا ئورنى ساقلانماقتا. ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى، يىجاڭدىكى پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىزانلار ئەترىتى قىزىل ئارمىيەگە ماسلىشىپ، گومىنداڭنىڭ ناھىيە تەۋەسىدە قۇرغان بىر تۈركۈم پوتەيلىرىنى بىتچىت قىلدى ھەم قىزىل ئارمىيەگە ياردەملىشىپ ئاكوپ ياسىدى، زەمبىرەك ئوقى توشۇدى؛ جەڭ باشلانغاندىن كېيىن، يەنە پۈتۈن كۈچى بىلەن قىزىل ئارمىيە ياردارلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

«ئۇرۇش ئارمىيەنىڭ جان تىكىپ ئېلىشىشى بولۇپلا قالماستىن، يەنە كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىش ـ قىلالماسلىق جەھەتتىكى كۈچ سىنىششتۇر.» يىجاڭ ناھىيەلىك پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شيې شۈيجۈن مۇنداق بىلدۈردى: خەلققە زىچ تايىنىش قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپىرىنىڭ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىشىدىكى ئەڭگۈشتەر.

1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، تۆتىنچى قامال قىلىش لىنىيەسىنى بۆسۈپ ئۆتىدىغان شياڭجياڭ ئۇرۇشى باشلاندى. بۇ، قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغاندىن بۇيانقى ئەڭ قەيسەرانە جەڭ بولدى، شۇنداقلا قىزىل ئارمىيەنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك ھالقىلىق جەڭ بولدى. توققۇز كۈنلۈك قانلىق جەڭدە، قىزىل ئارمىيەنىڭ كەڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى جان تىكىپ بۆسۈپ ئۆتۈپ، چەكسىز قەيسەرانە پىداكارلىق كۆرسىتىش روھىنى نامايان قىلدى. شياڭجياڭ ئۇرۇشىدا گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ شياڭجياڭنىڭ شەرقىدە قىزىل ئارمىيەنى قورشاپ يوقىتىش سۇيىقەستى تارمار قىلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە قىزىل ئارمىيەنىڭ ئاساسىي كۈچى تولۇق ساقلاپ قېلىندى.

شياڭجياڭ ئۇرۇشىدا، باش ئارقا سەپ مۇھاپىزەتچى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان قىزىل 5 ـ جۈنتۈەننىڭ 34 ـ شىسى شياڭجياڭ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا توسۇلۇپ قېلىپ، شىجاڭ چېن شۇشياڭ ئېغىر يارىلىنىپ، بەختكە قارشى خۇنەننىڭ داۋشيەن ناھىيەسىدە ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى، ئۇ قولى بىلەن قورساق قىسمىدىكى يارا ئېغىزىدىن ئۈچەيىنى تولغاپ ئۈزۈپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغاندا ئەمدىلا 29 ياشتا ئىدى، ئۇ ھاياتى بىلەن «سوۋېت رايونى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنىنى ئاققۇزۇش»تەك مۇستەھكەم ئېتىقادىنى قوغدىدى.

شيې شۈيجۈن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن جەزمەن ئۇلۇغ كۆرەش قىلىش كېرەك. قىزىل ئارمىيەنىڭ باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈش، باتۇرلۇق بىلەن غەلىبە قىلىش، باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بېرىش روھى بىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىپ ئەۋج ئالدۇرۇشىمىزغا ئەرزىيدۇ».

گۇاڭشىنىڭ گۇەنياڭ ناھىيەسى چېن شۇشياڭ ئىلگىرى جەڭ قىلغان جاي. گۇەنياڭ ناھىيەلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شى چيۇيلىڭ: قىزىل ئارمىيە نېمە ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىن قورقمايدۇ؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىنقىلابتا چوقۇم غەلىبە قىلىش ئىشەنچى بار ئىدى، دەپ قارىدى. «بۇنداق قەھرىمانلىق جاسارەت، مۇستەھكەم ئېتىقاد بۈگۈنكى كۈندىكى بىزنى ئىلھاملاندۇرىدۇ».

**■ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش**

شياڭجياڭ ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەركىزىي قىزىل ئارمىيەنىڭ سانى ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان چاغدىكى 86 مىڭ ئادەمدىن ئازىيىپ 30 نەچچە مىڭ ئادەمگە چۈشۈپ قالدى. خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ تۇڭداۋ دۇڭزۇ ئاپتونوم ناھىيەسى قىزىل ئارمىيەنىڭ كەسكىن ھايات ـ ماماتلىق پەيتكە دۇچ كەلگەنلىكىدەك تاللىشىغا گۇۋاھ بولدى. دەل تۇڭداۋ يىغىنىدا، ماۋ زېدۇڭ قىزىل ئارمىيە جەزمەن غەربكە يۈرۈش قىلىپ گۈيجوۋغا كىرىپ، كۈچلۈك دۈشمەننى ئارقىغا تاشلاپ، كۈچلۈكتىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ئاجىزغا زەربە بېرىپ، ھەرىكەتچانلىقنى قولغا كەلتۈرۈش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ دەل قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەردىكى مەشھۇر بولغان «تۇڭداۋدا ئەسكەر يۆتكىشى»دۇر. قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەر تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس خۇ چۈنسۇڭ مۇنداق قارىدى: «تۇڭداۋدا ئەسكەر يۆتكەش» بىرتۇرلۇك ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش تەدبىرىدۇر، «مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي زىممىگە ئېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، ئاكتىپ نەتىجە ياراتقاندىلا، ئاندىن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ».

قىزىل ئارمىيە گۈيجوۋغا كىرگەندىن كېيىن، 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى لىپىڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، بوگۇ، لى دېنىڭ خاتا ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنىنى ئىنكار قىلدى، ماۋ زېدۇڭنىڭ جانلىق، ھەرىكەتچان تاكتىكا ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلدى. 1935 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى گۈيجوۋنىڭ ۋېڭئەن ناھىيەسىدىكى خۇچاڭدا يەنە بىر قېتىم سىياسىي بيۇرو يىغىنى ئېچىپ، بوگۇ، لى دېنىڭ خاتا تەشەببۇسىنى يەنە بىر قېتىم ئىنكار قىلىپ، لىپىڭ يىغىنىنىڭ قارارىنى قايتا تەكىتلەپ، ۋۇجياڭ دەرياسىدىن تېزلىك بىلەن ئۆتۈپ، زۈنيىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشنى قارار قىلدى.

پارتىيە تارىخى مۇتەخەسسىسلىرى مۇنداق قارىدى: تۇڭداۋ يىغىنىدىن لىپىڭ يىغىنى، خۇچاڭ يىغىنىغىچە، ئاندىن يەنە زۈنيى يىغىنىغىچە، پارتىيە تارىخىدا يۈز بەرگەن بىرىنچى قېتىملىق ئۇلۇغ بۇرۇلۇش زەنجىرى شەكىللەندى. جۇڭگو ئىنقىلابىدا ئاخىر يېڭى ۋەزىيەت ئېچىلدى.

«قىزىل ئارمىيەنىڭ مۇستەھكەم غايە ـ ئېتىقادى، پارتىيە ۋە خەلققە بولغان مۇتلەق سادىقلىقى، قورقماس قۇربان بېرىش روھى، ھارماي ـ تالماي ھەقىقەتكە ئىنتىلىشى بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە چوڭقۇر ئۆگىنىشىمىزگە، زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇشىمىزغا، يېڭى دەۋر ئۇلۇغ كۆرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ» دېدى خۇنەن ئۆلكىلىك پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات يۇرتى تۇپلاش ـ تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى گۈي شىنچيۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ۋۇ گوجاڭ: ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن ئىسسىق قېنىنى ئايىماسلىق



ۋۇ گوجاڭنىڭ سۈرىتى.

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (شېنياڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى تەمىنلىگەن)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خېفېي، 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر باۋ شياۋجىڭ)** ئەنخۇينىڭ جىنجەيدىكى تاڭجياخۇي بازىرى غەربىي ئەنخۇينىڭ چېگرا رايونىغا، دابيېشەن تېغىنىڭ ئىچكىرىسىگە، دۆلەت دەرىجىلىك گېئولوگىيە باغچىسى جىنگاڭتەينىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان. بۇ يەر قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بايلىقى مول، جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى كۆپ چىقىدۇ، ئەزەلدىن جىنجەيدىكى «شىشەن دورا ئامبىرى» دېگەن نامى بار. ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا، تاڭجياخۇي بازىرى خۇبېي ـ خېنەن ـ ئەنخۇي ئىنقىلابىي تايانچ بازىسىنىڭ مەركىزىي رايونى بولۇپ، بۇ قىزىل تۇپراقتا نۇرغۇن شانلىق تارىخ ۋە ئىنقىلابىي ئىزلار قالغان. ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى 39 ـ جۈننىڭ مۇئاۋىن جۈنجاڭى ئىنقىلابىي قۇربان ۋۇ گوجاڭنىڭ يۇرتى مۇشۇ يەردە.

ۋۇ گوجاڭ 1918 ـ يىلى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ جىنجەي ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. ئائىلىسى كەمبەغەل بولغاچقا، ئۇ باللىق چاغلىرىدا باشقىلارغا ئىشلىشىپ بەرگەن، تىلەمچىلىك قىلىپ باققان، يەتتە يېشىدىلا ئېتىزغا بېرىپ ئىشلىگەن، توققۇز يېشىدا پومېشچىكنىڭ ئۆيىدە كالا باققان بولۇپ، دائىم تاياق يېگەن، ئاچ قالغان. 1929 ـ يىلى شاڭچەن رايونى (ھازىرقى جىنجەي تەۋەسىدە)دا دېھقانلار ئىنقىلابىي ھەرىكىتى داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلغان، ۋۇ گوجاڭمۇ باللار ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، باللارنى يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىشقا تەشكىللەپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلغان؛ باللار ئۆمىكى ئەزالىرىنى باشلاپ پوستتا تۇرۇپ قاراۋۇللۇق قىلغان، قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلىپ، قىزىل ئارمىيە، پارتىزانلار ئەترىتى ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئاخبارات يەتكۈزگەن؛ قىزىل ئارمىيەنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئوتۇن يېرىپ، سۇ توشۇپ بەرگەن.

1930 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ۋۇ گوجاڭ جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسىگە قاتناشقان، 1932 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 1934 ـ يىلى قىزىل ئارمىيە 25 ـ جۈنىگە ئەگىشىپ ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. يول ئۈستىدە ئىككى پۇتى ئېغىر ئۇششۇپ يارىلانغان بولسىمۇ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۈچلۈك ئىرادىسى بىلەن ھەربىي يۈرۈش قىلىپ ئۇرۇش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىمالىي شەنشىگە يېتىپ بېرىپ، «ئۇزۇن سەپەردىكى كىچىك قەھرىمان» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 1935 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

1937 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ۋۇ گوجاڭ پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ سەنشىگە بېرىپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرغان، كېيىن خېبېي ـ شەندۇڭ ـ خېنەن ھەربىي رايونىغا بېرىپ ۋەزىپە ئۆتىگەن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يىڭجاڭ، تۇەن سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، تۇەنجاڭ بولۇپ، قىسمىنى باشلاپ ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق «تازىلاش» «يوقىتىش»نى تارمار قىلىپ، «يېڭىلمەس ۋۇ تۇەنجاڭ» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن، خېبېي ـ شەندۇڭ ـ خېنەن ھەربىي رايونى ئۇنىڭغا «كۆرەش نەمۇنىچىسى» دېگەن شەرەپلىك نام بەرگەن.

1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ۋۇ گوجاڭ بۇيرۇققا بىنائەن شەندۇڭنىڭ خېزېدىن يولغا چىقىپ، شەرقىي شىمالغا ئىلگىرىلەپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، شەرقىي شىمال دېموكراتىك بىرلەشمە ئارمىيەسى 2 ـ زۇڭ 5 ـ شىسىنىڭ سەنمۇجاڭى، شىجاڭى بولغان، چاڭچۈندىكى توسۇپ زەربە بېرىش ئۇرۇشى، داۋادىكى قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشى، كاۋشەنتۈندىكى ئۈچ قېتىملىق زەربە بېرىش ھەم داخېيلىنزىدىكى قوغلاپ يوقىتىش ئۇرۇشى، چاڭتۇدىكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى قاتارلىق نەچچە ئون قېتىملىق ئۇرۇشقا قاتناشقان، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە لياۋشېن ئۇرۇشى، پىڭجىن ئۇرۇشى، خېڭباۋ ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان.

1950 ـ يىلى، ۋۇ گوجاڭ جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىغا قاتنىشىپ، پىدائىي قىسىم 39 ـ جۈننىڭ مۇئاۋىن جۈنجاڭى بولغان. 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ قېتىملىق ئۇرۇشقا قاتناشقان. 1951 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئامېرىكا ئارمىيەسى زور تۈركۈمدىكى ئايروپىلان تۈپىنى يىغىپ، پىدائىي قىسىم بازىسىنى كەڭ كۆلەمدە قالايمىقان بومباردىمان قىلغاندا، ۋۇ گوجاڭ بازىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە بومبا پارچىسى تېگىپ كېتىپ ئېغىر يارىلىنىپ، بەختكە قارشى قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ ئاران 33 ياشتا ئىدى.

ۋۇ گوجاڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يانچۇقىدىن قېپقىزىل قانغا مىلەنگەن بىر پارچە تالون بايقالغان، تالوندا ئۇنىڭ پىدائىي قىسىم ئارقا سەپ بۆلۈمىدىن ئارىيەت ئالغان 100 يۈەن پۇلنىڭ چىقىم قىلىنىش ئەھۋالى ئېنىق خاتىرىلەنگەن: پېشقەدەم باشلىقنى يوقلاش، رادىيونى رېمونت قىلدۇرۇش، مۇھاپىزەتچى ۋە شوپۇرلار ئاغرىپ دوختۇرخانىدا ياتقاندا تولۇقلىما پۇلى بېرىش قاتارلىقلار، ھەتتا نەچچە مو، نەچچە پۇڭمۇ چۈشۈپ قالمىغان. بۈگۈنكى كۈندە، يالۇجياڭ دەرياسى بويىدىكى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى خاتىرە سارىيىدا بۇ قانغا مىلەنگەن تالون ھېلىھەم تىزىقلىق تۇرماقتا ھەم ۋۇ گوجاڭنىڭ كادىرلىق تەرجىمىھال جەدۋىلى، قىسىم ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە تارقىتىپ بەرگەن ئىنقىلابىي قۇربان ئۇقتۇرۇشنامىسى قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملار يىغىپ ساقلانغان.

ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ يۇرتىدا، ھەر يىلى دابيېشەندە كاككۇك گۈلى پورەكلەپ ئېچىلىدىغان چىڭمىڭ مەزگىلىدە، يەرلىكتىكى كادىرلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە پېشقەدەملەر، يۇرتداشلار ئۆزلۈكىدىن ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، ۋۇ گوجاڭ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ئەسلەپ ياد ئېتىدۇ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھى دابيېشەنلىكلەرنىڭ قان تومۇرىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋام قىلماقتا.

# ئاپتونوم رايونىمىز كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش تۇنجى ئېلېكترونلۇق ئىسپاتى تارقاتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتى تەبىئىي بايلىق ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىپ تىزىملاش ئىدارىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل كىشى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ سۈپىنىڭ قوللىنىلىشى كارخانا، ئاممىنىڭ تىزىملاشنى بېجىرىشتە «نۆل قېتىم قاتراش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەغەز گۇۋاھنامە ئېلىشتىكى تەننەرخنى تېجەپ، قەغەز گۇۋاھنامە يوقاپ كېتىش، بۇزۇلۇپ كېتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان قولايسىزلىقلارنى ئازايتىپ، رەنە ئالغۇچىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ قەرز بېرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، كەڭ كارخانا ۋە ئاممىنى كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش ئىسلاھاتىنىڭ پايدىسىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلدى. كېيىنكى قەدەمدە، ئۇچۇرنى ھەمبەھىرلەپ توپلاش، تەرتىپلىك توپلاش ۋە خادىملار توپلاش سىجىل ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆچمەس مۈلۈكنى رەڭگە قويۇشنى تىزىملاشتا «كۆرۈشمەي» بېجىرىش سىستېمىسى پايئال قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش ئېلېكترونلۇق گۇۋاھنامە ئامبىرى قۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىلىپ، كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش ئېلېكترونلۇق ئىسپاتى ۋە گۇۋاھنامىسىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى تەدرىجىي كېڭەيتىلىپ، كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مۇلازىمىتىنىڭ ئۈنۈمى، ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلۈپ، خەلققە، كارخانىلارغا ھەقىقىي قولايلىق يارىتىلىدۇ.

# «لى ئاكامنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇۋالسام، مەن ئاندىن خاتىرجەم بولىمەن»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قىشتا، ئېركىن يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئۈچ تونىنا ئىسسىنىش ياردەم كۆمۈرى ئىلتىماس قىلىپ، كەنت كادىرلىرى بىلەن بىللە لى تەيخېنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردى. ئېركىن يەنە باشقا ئىككى ياردەم بېرىش ـ يۆلەش كادىرى بىلەن بىللە پۇل چىقىرىپ، لى تەيخېنىڭ ئۆيىگە مەش ئورنىتىپ بېرىپ، ئوتقا چىدامىلىق خىش بىلەن تام مەش سېلىپ بەردى.

بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، قار يېغىپ شۇۋرىغان چىقىپ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 20 نەچچە سېلسىيە گرادۇسقا چۈشۈپ قالدى. تاڭ سەھەردە، ئېركىن لى تەيخېنى يوقلاپ بېرىپ، لى تەيخېنىڭ كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا يېتىپ قالغانلىقىنى، چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئېركىن دەرھال: «لى ئاكا، سىزگە نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. لى تەيخې «ئا، ئا» دېگەن ئاۋازنىلا چىقىرىپ گەپ قىلالماي قالدى. ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى بايقىغان ئېركىن دەرھال تېلېفون بېرىپ كەنت كادىرلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە لى تەيخېنى چۆچەك شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى. دوختۇرخانىدا ياتقان مەزگىلدە، ئېركىن دائىم بېرىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە كەنت ئاھالىلىرى بەس ـ بەستە لى تەيخېغا پۇل ۋە نەرسە ئىئانە قىلدى.

يېرىم ئايدىن كېيىن، لى تەيخې دوختۇرخانىدىن چىقتى. لى تەيخېنىڭ تۇرمۇشتا ھاجىتىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېركىن چۆچەك شەھىرى يىياگۇيۈەن ساغلاملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ياشانغانلار ساناتورىيەسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، لى تەيخېغا ياردەملىشىپ بىر كارىۋات ئۇقۇشۇپ بەردى.

ۋاقتى بولسىلا ئېركىن ياشانغانلار ساناتورىيەسىگە بېرىپ لى تەيخېنى يوقلاپ تۇردى، ئېركىن ئۇنىڭ ياشانغانلار ساناتورىيەسىدە ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى، سالامەتلىكىنىڭمۇ ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

ئېركىننىڭ ئېيتىشىچە، لى تەيخېنىڭ سالامەتلىكى ياخشىلانسا، ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدىكەن. «بىر يىلدىن كۆپرەك باردى ـ كەلدى قىلىشتا، لى ئاكام ماڭا بەكلا تايىنىپ قالدى، ئۇ ھەر كۈنى مېنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدۇ. لى ئاكامنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋالسامىلا خاتىرجەم بولالايتتىم».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)